# گرېك پەلسەپىسىنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا تونۇشتۇرۇلۇشى

مۇزەپپەر ئابدۇرۇسۇل

**مۇھىم مەزمۇنى:** ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىلىمخۇمار زىيالىيلار گرېك پەلسەپىسىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا كەڭرى تەشۋىق قىلدى. كېيىنكى مەزگىللەردە گرېك پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىش قىزغىن قانات يايدى. مانا مۇشۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىچىدە، بىر قىسىم كىگانت شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ھازىرمۇ يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ماقالىدە، ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** گرېك پەلسەپىسى    مۇسۇلمانلار دۇنياسى    بۈيۈك ھەكىملەر

ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىغا كېڭەيگەن دۇنياۋى دىنغا ئايلاندى، بۇرۇنقى ئەرەبلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمانلار جامائەسىمۇ كېڭىيىپ ئوخشىمىغان مىللەتلەر ۋە ئىرقلاردىن شەكىللەنگەن چوڭ ئۇممەتكە ئايلاندى. نەتىجىدە ئەسلىدىن پەرقلىق بولغان خىلمۇ خىل مەدەنىيەتلەر ئىسلام مۇھىتىدا ئۇچراشتى ۋە يۇغۇرۇلدى.

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى ئەرەبلەر نامى چىقمىغان مىللەت بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتە تولىمۇ تۆۋەن تۇراتتى. ئۇلاردىكى ئىلىم-پەندىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلاردىكى نەرسە پەقەتلا قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى كۈيلەيدىغان پارچە-پۇرات قەسىدىلەر ۋە ئىشقى-مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن قىسقا داستانلار ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇلارنى رەسمىي ئەدەبىيات-سەنئەت دېگىلى بولمايتتى. كېيىنچە ئەرەبلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بەزى مىللەتلەر، مەسىلەن، پارسلار ۋە گرېكلەر بولسا خېلى بۇرۇنلا مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسەك تەرەققىي قىلىپ، ئىلىم-پەننىڭ ئەينى زاماندىكى دۇنياۋى چوققىسىنى ياراتقان ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ئەرەبلەر ئۆز مەدەنىيىتىدىن ئىلغار بولغان ئەنە شۇ دۇنياۋى مەدەنىيەتلەرگە دۇچ كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىدى. نەتىجىدە بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىلغار تەركىبلىرىنى ئىسلام مەدەنىيىتىگە سىڭدۈرۈش مۇسۇلمان ئەللامىلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئەينى زاماندا گرېك پەيلاسوپلىرى يازغان نۇرغۇن كىتابلار گرېتسىيە ۋە باشقا جايدىكى كۇتۇپخانىلاردا توپا بېسىپ ياتقان بولۇپ، ئۇلارنى ۋاقتىدا قوغداپ قالمىغاندا مەڭگۈلۈك يوقىلىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. مۇسۇلمانلار يوقىلىش گىردابىدىكى بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئەينى ۋاقىتتىكى ھاكىمىيەت تىلى بولغان ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئىسلام پەلسەپە سىستېمىسىغا سىڭدۈرۈش يولى ئارقىلىق ساقلاپ قالدى ۋە ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلدى.

گرېك پەلسەپىسى ئىسلام دۇنياسىغا ئەڭ ئاۋۋال سۈرىيە ئارقىلىق كىرگەن. قەدىمدە ھىندىستان، جۇڭگو ۋە ۋىزانتىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىلىرىنىڭ غەربكە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ سۈرىيىلىكلەر بىر مەدەنىيەت ۋاستىچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئەمەلىيەتتە غەربكە قىزىل ھاراق، يىپەك قاتارلىق مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كىرگەنلەرمۇ سۈرىيىلىكلەر ئىدى. يەنە شۇ سۈرىيىلىكلەر ئىسكەندىرىيە ۋە ئانتىئوكتىن گرېك مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى شەرققە تارقاتتى ھەم ئېدېسسا، نىسىبىس، ھارران ۋە گوندىشاپۇرلاردا كەڭرى تەرغىب قىلدى. لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى گرېكلاردىن مىراس قالغان سەنئەت، شېئىر ۋە تارىخىي تېكىستلەر شەرقلىقلەرگە تېخى يېتىپ بارمىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ بۇلارنى چۈشىنىشىمۇ قىيىن بولۇپ ئۇلاردا گرېكلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنىڭدىن زوقلىنىش ھاجەتچىلىكىمۇ كەمچىل ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن گرېك تارىخى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيندىن باشلانغان رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ئويدۇرمىلار ئىدى. ئۇلاردا گرېك دراماتورگلىرى ۋە لىرىك شائىرلىرىنىڭ كىچىككىنە ئىدىيىسىمۇ يوق ئىدى. مۇسۇلمانلار دەۋرىگە كەلگەندە بۇ ئەھۋالدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. ئۇلار گرېكلارنىڭ پەلسەپىسى ۋە باشقا تەبىئىي پەنلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپلا قالماستىن يەنە، ئۆزلىرىگە خاس پەلسەپە ئىدىيىسىنى تىكلىدى ھەم باشقا تەبىئىي پەنلەرنى

سۈپەت جەھەتتىن ئۆزگەرتتى. بۇرۇن ئىلىم-پەن نامىدا خۇراپىيلىق، ساختىلىقنى بازارغا سالىدىغان بەزى كەسىپلەر قېلىپىقا چۈشۈرۈلۈپ، رەسمىي بىر پەن ھالىتىگە كەلتۈرۈلدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ گرېك پەلسەپىسى تونۇغرىسىدىكى بىلىمى بەزىدە ئاغزاكى ئۇچۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. ئوخشىمىغان پەلسەپە ئېقىملىرى مۇسۇلمانلار ئىدىيىسىگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان. ھاررانلىقلار ۋە باشقا ئىسلام مەزھەبلىرى ئارىسىدا پلاتونچە ياكى پىفاگور-پلاتونچە تەتقىقاتلار ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. بولۇپمۇ پلاتوننىڭ روھ ۋە تەبىئەت توغرىسىدىكى تەلىماتى مۇسۇلمانلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، سوقراتقىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئورۇن بېرىلگەن. مەسىلەن، پىفىيانىڭ «ئۆزۈڭنى بىل» دېگەن سۆزى سوقراتنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى قاتارىدا قوبۇل قىلىنغان ۋە يېڭى پلاتونىزمچە ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈلگەن.

ھارران شەھىرىدە بىر پەلسەپە ئېقىمى گرېكچە ئەنئەنىنى ئەينەن گرېكچە ياكى سۈرىيانچە تەرجىمە ماتېرىياللار ئارقىلىق ساقلاپ كەلگەن. لېكىن كۆپىنچە ئەسەرلەر يەنىلا ئەرەبچە تەرجىمە ئارقىلىق ساقلىنىپ قالغان. ئابباسىيلار دەۋرى گرېكچە ئەسەرلەر ئەرەبچىگە كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنغان ئالتۇن دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ خەلىپە مەنسۇر (754 - 775) ۋە ھارۇن رەشىد (786 - 809) زامانىسىدا پەلسەپە ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. بۇ خەلىپىلەر بۇرۇنقى مەدەنىيەتلەرگە ناھايىتى قىزىققاچقا، تەبىئىي پەن، مەمۇرىيەت ۋە ئەخلاق توغرىلىق ئەسەرلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تەرجىمە قىلىشنى ئەمر قىلغان. بۇ قىزىقىش ئىلىم-پەننىڭ باشقا تارماقلىرىغىمۇ كېڭىيىپ، ئاخىرى گرېكچە ۋە سۈرىيانچە يېزىلغان بارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش دولقۇنى قوزغالغان. بۇ ئەينى زامانىدىكى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ئارىسىدا بىر خىل ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسىگە ئايلانغان بولۇپ، باي-مۆلۈكدارلار مۇسۇلمانلارنىڭ كونتروللىقىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلەردىن قالغان مىراسلارنى تەرجىمە قىلدۇرۇش يولى ئارقىلىق ئۆزئارا بەسلەشكەن.

دەسلەپكى تەرجىمىلەر دېگەندەك ياخشى تەرجىمە قىلىنمىغان بولسىمۇ، كېيىنچە پەلسەپە ئەسەرلىرىگە بولغان ئېھتىياجنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ باشقا كۆپلىگەن ياخشى تەرجىمە ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. قىزىق يېرى شۇكى، بەزى مۇھىم ئەسەرلەر ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنمىغان، مەسىلەن، ئارىستوتېلنىڭ «پولىتىكا» دېگەن ئەسىرى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنمىغان. ئەڭ چاتاق شۇكى، پلوتىنۇسنىڭ «ئېنىنئاد» دېگەن ئەسىرىنىڭ بەزى بۆلەكلىرى ئارىستوتېلنىڭ قاراشلىرىغا زىت بولمىسىلا «ئارىستوتېل تېئولوگىيىسى» دېگەن نامدا تەرجىمە قىلىنغان، شۇڭا ئۆلىمالار بۇ نۇقتىدا خاتالىشىپ قالغان. بىرەر پەيلاسوپمۇ بۇ ئەسەرلەرنىڭ راستلا ئارىستوتېلغا تەۋە ياكى ئەمەسلىكىنى سوراپ ئولتۇرمىغان ياكى بىرەرسىمۇ بۇلارنى تەتقىق قىلىپ كۆرمىگەن، پەقەت ئىبن رۇشد دەۋرىگە كەلگەندىلا ئۇ «تېئولوگىيە» نىڭ ئارىستوتېلنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىگە كۈچلۈك قارشى تۇرغان. بۇ چاغدا گرېك پەلسەپىسى توغرىسىدىكى تۇنجى ئەسەر ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغىنىغا 200 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن ئىدى.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام دىنى كىرىشتىن بۇرۇن بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە زوروئاستېر دىنى قاتارلىق دۇنياۋى دىنلار مەۋجۇت ئىدى. ئۇيغۇرلار مۇشۇ مەزگىللەردە سۈرىيان تىلى بىلەن ئۇچرىشىشقا باشلىغان. لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا سۈرىيان تىلىدىن مانى دىنىدىكى بىرنەچچە ھۆججەت تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، پەلسەپە ئەسەرلىرى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان. ئىسلام دىنى تازا گۈللەنگەن دەۋرلەردە بەزى ئەرەبچە ئەسەرلەر مەسىلەن، «مىڭ بىر كېچە» ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانۇ پەلسەپە، ماتېماتىكا ۋە تېبابەتكە ئائىت نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئانچە قوزغىمىغان. سۇقرات، ئەفلاتۇن، ئەرەستۇ ھەكىم قاتارلىق گرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ ئىسمى ئۇيغۇرلارغا مەلۇم بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر مەجھۇل ئۇقۇم بولۇپ قالغان. ھەتتا ئەينى زاماندا ئۇلارمۇ «مۇسۇلمان» دەپ، قارالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ چاتىقى شۇكى، ئىككىنچى ئۇستاز، دەپ نام ئالغان ئەل فارابى ۋە ئىسلام پەيلاسوپىنىڭ چوققىسى ئىبن سىنا، ئىبن رۇشدلارنىڭ نامى ۋە ئەسەرلىرى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خېلى تونۇش بولسىمۇ، بۇلار توغرىلىق مەخسۇس چۈشەنچە ۋە ئىزاھات بېرىلگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كەلمىگەن. گەرچە بۇلار ئەينى زامانىدىكى ئۇيغۇر ئەللامىلىرىگە مەلۇم بولسىمۇ، بەلكىم زاماننىڭ قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن تەرجىمە قىلىش پۇرسىتى بولمىغان بولۇشى، ياكى تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ نۇسخىسى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. فارابىنىڭ

«رىسالەئى مۇغەننىيۇن» ئەسىرى ھەققىدە مۆئجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دا مۇنۇلارنى دەيدۇ: «بۇ ئەزىز ھەر قىسىم ئىلىملار خۇسۇسىدا بىر يۈز ئون تۆرت فارچە كىتاب تەسنىق قىلىپدۇرلار. بۇ كىتابلارنىڭ بىرى رىسالەئى مۇغەننىيۇندۇر. ھالا ئەرەبچەدۇر. فەقىر مەزكۇر رىسالەنى تامام قىلىپ بولۇپ، قۇۋۋەتىمنىڭ بارىچە، ۋەقتىنىڭ بارىچە رىسالەئى مۇغەننىيۇن ئاتلىغ كىتابنى تۈركچە تىلغا تەرجىمە قىلماقنى نىيەت قىلىپدۇرمەن، ئىنشا ئاللا» دەيدۇ. بىز بۇنىڭدىن، ئىسلام دۇنياسىكى مەشھۇر پەيلاسوپلارنىڭ ئۇيغۇر ئەللامىلىرى ئۇچۇن ناھايىتى تونۇش ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىلىم-پەننىڭ يۈكسەك چوققىسى ھېسابلانمىش پەلسەپە ئەسەرلىرىنىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

بۇ مۇقالىدە مۇشۇ نۇقتىلار كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئىسلام تارىخىدىكى بىر قىسىم گىگانت شەخسلەرنىڭ ئىدىيىسىنى قىسقىچە يورۇتۇپ بېرىش مەقسەت قىلىندى.

**ئەل-كىندى** (مىلادىيە 800 ـ 865)

ئەبۇ يۇسۇف ياقۇب ئىبن ئىسھاق ئەل-كىندى ئادەتتە تۇنجى مۇسۇلمان پەيلاسوپ، دەپ قارىلىدۇ. لېكىن بۇ دېگەنلىك ئۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار گرېك پەلسەپىسى بىلەن ناتونۇش ئىدى دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە ئۇنىڭدىن بۇرۇن مۇئتەزىلىچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولمىش ئەبۇل خۇدەيل ئەل-ئەللاف ۋە ئەل-نەززاملار بەزى گرېك پەلسەپە ئېلېمېنتلىرى ئارىلاشقان دىنىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن مۇئتەزىلىچىلەرنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى پەلسەپە ئەمەس بولۇپ، پەقەت ئەل-كىندىلا پەلسەپىنى مەقسەت قىلغانىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئۇ ھەقىقىي تۇنجى مۇسۇلمان پەيلاسوپى بولۇشقا ھەقلىق. ئۇ مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا تۇنجى بولۇپ گرېك پەلسەپىسىگە ئائىت ئەسەر يازغان كىشى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى پەلسەپە، لوگىكا،ئارىفمېتىكا، مۇزىكا، ئاسترونومىيە، گېئومېترىيە، كوسمولوگىيە ۋە مېدىتسىنا قاتارلىق ساھەلەرگە بېرىپ چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئاران ئون پىرسەنتىلا دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن بولۇپ،قالغان ئەسەرلىرى يوقاپ كەتكەن.

ئۇ گرېكلاردىكى ئىلىم-پەن ۋە پەلسەپە توغرىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان ھەمدە باشقىلارنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئاساس سالغان. ئۇ «پەلسەپە ماددىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى توغرىسىدىكى بىلىم، بۇنىڭغا ئۆگىنىش ۋە تىرىشچانلىق بىلەن يەتكىلى بولىدۇ» دەپ قارىغان. ئۇ گرېك مەدەنىيىتىدە مۇسۇلمانلار سەل قارىسا بولمايدىغان نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنىڭ بارلىقىغا كۈچلۈك ئىشەنگەن. بىر ماتېماتىك بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئارىستوتېل لوگىكىسىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن، لېكىن ئارىستوتېل مېتافىزىكىسىنىڭ، بولۇپمۇ دۇنيانىڭ ئەبەدىيلىكى توغرىسىدىكى قارىشىنىڭ زىددىيەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ بايقىغان. ئۇ ئارىستوتېلنىڭ بۇ قارىشىنى ئىسپاتلايدىغان توغرا لوگىكىلىق قارىشى يوق دەپ قارىغان. ئىبن سىنا ۋە فارابىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ئارىستوتېلنىڭ فىزىكا ۋە مېتافىزىكىسىدىكى ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت بولغان جىسىم، ھەرىكەت ۋە ۋاقىتنىڭ ئەبەدىيلىكى توغرىسىدىكى بايانلارنى ئاخىرى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. ئۇ يەنە پەلسەپە بىلەن تېئولوگىيىنى پۈتۈنلەي ئايرىپ قارىغان. ئەل-كىندى ئۆزىنىڭ ماتېماتىكىلىق پەلسەپىسىدە ھەقىقىي چەكسىزلىك ئۆز-ئۆزى بىلەن يېپىشىپ كېتىدۇ، دەپ قارىغان. تەبىئەت پەلسەپىسىدە جىسىم، ھەرىكەت ۋە ۋاقىت ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملار، دەپ قارىغان (بۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى نۇرغۇن پەلسەپە قاراشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئىلغار قاراش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ). ئۇنىڭ ئۈستىگە جىسىم ئەبەدىي بولمىغاچقا ھەمدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ھاسىل قىلالمىغاچقا، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ۋە ۋاقتىمۇ مەڭگۈلۈك بولمايدۇ. ئەل-كىندى گرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ مېتافىزىكىلىق قاراشلىرىنىڭ بىرىنچىدىن ئۆز-ئۆزىگە، ئىككىنچىدىن ئىسلامغا زىت ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان تۇنجى مۇسۇلمان پەيلاسوپتۇر. ئۇ بۇ ساھەلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى باشلانغۇچ دىنىي ئاساسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەل-كىندى تەتقىق قىلىش تەس بولغان مۇسۇلمان پەيلاسوپتۇر. ئۇ ئالىم، پەيلاسوپ، ماتېماتىك ۋە ئەرەبچە ئىپادىلەش سەۋىيىسى يۈكسەك پاساھەت ۋە بالاغەتكە يەتكەن يازغۇچىدۇر. بۇ ساھەلەرنى ياخشى چۈشەنمەي تۇرۇپ ياكى ئەرەبچە تېرمىنلارغا پىششىق بولماي تۇرۇپ ئەل-كىندى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھۇزۇر ئالغىلى بولمايدۇ.

**ئەل-فارابى** (مىلادىيە 870 ـ 950)

تۈرك قان سىستېمىسىدىن بولغان ئەبۇ ناسىر ئەل-فارابى ئەل-كىندىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەل-كىندى ۋاپات بولغان چاغلاردا تۈركىستاننىڭ فاراب شەھرىدە تۇغۇلغان. كېيىن باغدادتا ئارىستوتېل ئەسەرلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغۇچىلاردىن بولغان خرىستىئان ئالىملىرىدىن يۇھاننا ئىبن ھەيلان ۋە ئەبۇ بىشر مەتتالاردىن لوگىكا ئۆگەنگەن. ئۆز نۆۋىتىدە فارابى يەنە داڭلىق خرىستىئان تەرجىمان ۋە مەنتىقشۇناس يەھيا ئىبن ئادىينىڭ ئۇستازىدۇر. مىلادىيە 942-يىلى سۈرىيىنىڭ شىمالىدىكى ئالېپپو شەھرىگە بېرىپ ھەمدانىي ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. ئۇ يۈزدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ناھايىتى ئاز. ئۇ يازغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى سىياسىي پەلسەپە ۋە دىنىي پەلسەپىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىتىغا ماس كېلىدىغان پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە ماھىر بولۇپ، پەلسەپىنى ئىسلامىي مەيداندا تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئۆز ساھەسىدە ئانچە تونۇلمىغان، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تېزلا بازار تاپقان. ئۇ نامى چىققاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا «ئەل-مۇئەللىم ئەس-سانى» (ئىككىنچى ئۇستاز) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان (ئارىستوتېل بىرىنچى ئۇستاز دەپ قارالغان). ئەل-فارابى پەلسەپىنىڭ باشقا ئاساسلىق ساھەلىرىدە مۇھىم ئاساسلارنى سالغان، بولۇپمۇ سىياسىي پەلسەپىنىڭ تەكلىنىشىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان ھەمدە مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا نېئو-پلاتونىزمنى ئومۇملاشتۇرغان.

پەيغەمبەرلىك ئۇقۇمى، يەنى ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن ئەلچى تاللاپ ئۇنىڭغا بىۋاسىتە ياكى پەرىشتىلەر ئارقىلىق ۋەھيي بېرىشى ئىسلام ئېتىقادىدىكى پەلسەپىۋى مەيداندا تۇرۇپ چۈشەندۈرۈلىدىغان مۇھىم مەسىلە. ئەل-فارابى بۇ ئۇقۇمنى گرېك پەلسەپىسى ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن. ئۇ، ئىلىمنىڭ ئىككى مەنبەسىنى، يەنى ۋەھيي ۋە پەلسەپىنى ھەقىقەت ۋە ئويغۇنلىشقا يېتىشتىكى ئىككى يول دەپ قارىغان.

ئەل-فارابى پەلسەپىنىڭ بارلىق ئاساسلىق ساھەلىرىدە نۇرغۇن بۈيۈك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، جۈملىدىن مېتافىزىكا، لوگىكا، مۇزىكا نەزەرىيىسى، ئەخلاق ۋە سىياسەت قاتارلىق پەن تۈرلىرىدە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ دادىللىق بىلەن ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن پەلسەپىنى ياراشتۇرۇپلا قالماستىن، يەنە پەلسەپىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ھەر خىل ئېقىملارنىمۇ ياراشتۇرغان، يەنى پلاتو پەلسەپىسى بىلەن ئارىستوتېل پەلسەپىسىنى ئۆزئارا ياراشتۇرغان. ئۇ يەنە داڭلىق مۇزىكانت.

فارابىدىن كېيىن، ئىخۋانىل سەفا دەپ ئاتالغان بىر پىرقە كىشىلەر «رەسائىل ئىخۋانىل سەفا» ناملىق بىرماقاللىلەر توپلىمىنى روياپقا چىقارغان بولۇپ، مەزمۇنى پىفاگورچە قىياس، ئىلاھىيەت (يەھۇدىي، خرىستىئان، پارسىي، ھىندىي ۋە ئىسلام دىنىي ئېلېمېنتلىرىدىن تەركىب تاپقان)، سوپىزم، ماتېماتىكا، مۇزىكا نەزەرىيىسى ۋە ئاسترونومىيە قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. فىلىپ خىتتى ئۆزىنىڭ «ئەرەب تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە ئۇلار توغرىلىق «ئۇلار ئوپئوچۇق زىيالىيلارنىڭ ئىلمىي قاراشلىرى ۋە خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى بۇزۇش ئارقىلىق ئابباسىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدى» دېگەن. ئۇلار ئۆز سالاھىيىتىنى يوشۇرۇن تۇتقان، ئۇلارنىڭ خىزمىتىمۇ ناھايىتى مەخپىي بولغان. پەلسەپە توغرىلىق ئەسەر يازغانلارغا ھەمىشە «ئىخۋانۇل سەفانىڭ مۇرىتلىرى» ياكى «رىسالەنىڭ سادىق ئوقۇرمەنلىرى» دەپ قارا چاپلانغان.

**ئىبن سىنا** (مىلادىيە 980-1037)

«ئەل-شەيخ ئەل-رەئىس» دەپ نام ئالغان ئىبن سىنا مۇسۇلمان پەيلاسوپلىرى ئىچىدىكى ئۈچىنچى مۇھىم شەخس بولۇپ، غەربتە ئاۋىسىننا دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. شاگىرتى ئەبۇ ئۇبەيد ئەل-جۇزجانىي ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىققان.

ئىبن سىنا ئون يېشىدىلا قۇرئاننى پىششىق يادلاپ بولۇپلا قالماي، يەنە ئىسلام ئەدەبىياتىنىمۇ ھەقادىدىغا يەتكۈزۈپ ئۆگەنگەن، 18 ياشقا كىرگىچە شەرىئەت، تېبابەت، ئاسترونومىيە، لوگىكا ۋە پەلسەپىنى تاماملىغان. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئەينى چاغدا ئۇ سىياسىي ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرغان ئەھۋالدا سەرگەردان بولۇپ تۇرۇۋاقلۇقمۇ كۆپلىگەن ئەسەرلەر يېزىپ چىقالىغان. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئادەتتە 100 دىن 250 گىچە بولغان ئارىلىقتا، دەپ مۆلچەرلىنىدۇ.

ئۇنىڭ پەلسەپىنىڭ ھەممە تارماق ئېقىملىرى بويىچە ئەسەرلىرى بار بولۇپ، ئىلگىرىكى بارلىق پەلسەپىۋى

ئىدىيەلەرنى ئومۇملاشتۇرغان. ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا نۇرغۇن رىۋايەتلەر مەۋجۇت. ئىلمىي تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، خېلى كۆپ كىتابلار قارىسىغىلا ئۇنىڭغا تەۋە قىلىپ قويۇلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قىسقا رىسالىلەردىن ئېنسىكلوپېدىيىلىك قامۇسلارغىچە بولغان كەڭرى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، داڭلىق ئەسىرى «ئەل ـ شىفا» 15 جىلدتىن تەركىب تاپقان.

ئىبن سىنا مېدىتسىنا ساھەسىدىمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. بولۇپمۇ ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئەسىرى «ئەل ـ قانۇن فىل ـ تىب» ئىنتايىن مەشھۇر.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن مەشھۇر بولغىنى: «ئەل ـ قانۇن فىل ـ تىب»، «ئەل ـ شىفا»، «ئەل ـ نەجاھ»، «ئويۇن ئەل ـ ھىكمەھ»، «دانىشنەمايى ئەلائى»، «ئەل ـ ئىشارەت ۋەل ـ تەنبىھات» قاتارلىقلاردۇر.

**ئەل ـ غەززالى** (مىلادىيە 1058 ـ 1111)

«ئىمام، زەينىددىن، ھۆججەتۇل ـ ئىسلام» دېگەندەك ناملارغا مۇشەررەپ بولغان مۇھەممەد غەززالى ئىسلام پەلسەپە تارىخىدىكى مۇھىم شەخس بولۇپ، ئەسلىي شەرىئەتشۇناس، كېيىن پەلسەپىنى تەتقىق قىلىش ئېھتىياجى بىلەن ئىلاھىيەتشۇناسلىقنى ئۆگەنگەن. ئۇ يەنە تالاتىلىق ئەدىب ۋە ناتىق بولۇپ ئۇقۇملارنى ئېنىقلاشقا ناھايىتى ماھىر. غەززالى ئۆز دەۋرىدىكى ئىسلام دۇنياسىدىكى پەلسەپىنى شەرىئەتكە ئاساسلىنىپ تۈرۈپ ئۈچ كاتېگورىيىگە ئايرىغان. بىرىنچى كاتېگورىيە كۇفر (كۇپپار) بولۇپ، بۇنىڭدا غەززالى «پەيلاسوپلارنىڭ بەزى تەلىماتلىرى ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت، بۇلارنى ئەقلىي جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلاشتۇرغىلى بولمايدۇ»، دەپ قارىغان. ئىككىنچى كاتېگورىيە بىدئەت بولۇپ، غەززالى «بۇ تەلىماتلار پەلسەپىنىڭ ئۆزىگىمۇ خىلاپ، يەنى بىر ـ بىرىگە زىت ۋە ئەھمىيەتسىز. ئۇلار پەلسەپىنىڭ باش ـ ئاخىرى بىردەك بولۇش، لوگىكىلىق بولۇش ۋە ئىزچىل بولۇش دېگەندەك قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس» دەپ قارىغان. ئۈچىنچى كاتېگورىيە مۇباھ بولۇپ، بۇنىڭدا «پەلسەپىنىڭ بەزى تەلىماتلىرى ئىسلامغا پايدىلىق. مەسىلەن، لوگىكا، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، فىزىكا دېگەندەكلەر» دەپ قارالغان. غەززالى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىككى ئىشقا تۇتۇش قىلغان. ئاۋۋال ئۇ لوگىكا ۋە مېتافىزىكىنى مەركەز قىلغان پەلسەپە تەلىماتى ھەققىدە «ئەل ـ مەقاسىد ئەل ـ فەلەسفە» (پەيلاسوپلارنىڭ مەقسىتى) دېگەن تېمىدا بىر ئىخچام رىسالە يېزىپ چىققان. بۇ رىسالە ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئارتۇق شۆھرەت قازىنىپ، غەربتە ئىبن سىنا پەلسەپىسىنىڭ مۇپەسسىرى دېگەن نامغا نائىل بولغان. ئۇ « ناباب پەلسەپە تەلىماتىغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئاۋۋال شۇنى چوقۇم پىششىق ئىگىلەش كېرەك» ، دەپ قارىغان. ئۇنىڭ كەسپداشلىرى ئۇنى پەلسەپە تەلىماتلىرىنى ناكەسپىيلەر ئۈچۈن ئاددىيلاشتۇرۇپ، پەيلاسوپلارمۇ قىلالمايدىغان ئىشنى قىلدى، دەپ قارىغان. كېيىن ئىبن رۇشد ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن: «ئۇ ئەۋلىيائى بۇزرۇكۋارلارنىڭ پەقەت ئالىي مەقاملىق دانىشمەنلەرلا يېتەرلىك تەھسىل قىلىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق چۈشىنەلەيدىغان، مۇرەككەپ ئاتالغۇ ۋە مۇجمەل تېرمىنلار يوشۇرۇنغان شاھانە ئەسەرلىرىنى قارا بودۇننىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا قانداق جۈرئەت قىلغاندۇ؟»

ئىككىنچىدىن، ئۇ «تەھافۇت ئەل ـ فەلەسفە» (پەيلاسوپلارنىڭ زىندىيىتى) ناملىق بىر ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەر فارابى ۋە ئىبن سىنانىڭ چۈشىنىشىدىكى ئارستوتېل مېتافىزىكىسىغا بېرىلگەن رەددىيە بولۇپ، پۈتكۈل ئەسەر 20 نۇقتىغا يىغىنچاقلانغان. ئۇ ئەسەردە يەكۈنلەنگەن ئۈچ نۇقتىنى كۇپپارلىق (كۇفرلىق) بولۇپلا قالماستىن ئۇزۇل كېسىل دىنغا ئاسىيلىق قىلغانلىقتۇر، دەپ قارىغان. بۇ ئەسەر شۇ دەۋردىكى ئالىملار تەرىپىدىن تولۇق قوبۇل قىلىنغان. ئۇلار «غەززالى پەلسەپىنىڭ ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇپ ئىسلامنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى، ئەمدى پەلسەپىنىڭ ئىبن سىنا ئۆمۈربويى كۆچەپ يوشۇرماقچى بولغان سىرى ۋە سېھرى قالمىدى» دەپ قارىغان.

لېكىن تەھافۇتنىڭ غەلىبىسى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى پەلسەپىنىڭ خاتىمىسى ئەمەس. چۈنكى بۇ ئەسەر ئۆلىمالارنىڭ پەلسەپىنى نىسبەتەن ئاسان، ئوگۇشلۇق ۋە يېڭىچە قاراش بىلەن تەتقىق قىلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن. ئەمەلىيەتتە غەززالى ئىبن سىنا ئەسىرلىرىنى دىن ساھەسىدە ئابرۇي قازاندۇرغان. بۇ ئەسەرلەر ھازىرمۇ تەتقىق قىلىنماقتا.

غەززالىنىڭ ئەسەرلىرىدىن مەشھۇر بولغانلىرى: «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»، «تەھافۇت ئەل ـ فەلەسەفە»، «مىنھاجۇل ئابىدىن»، «مىشكاتۇل ئەنۋار»، «ئەل ـ مۇنقىزۇ مىنەد دەلال»، «ئەل ـ قىستاسۇل مۇستەقىم»،

«ئىلجامۇل ئەۋام ئەن ئىلمىل كەلام»، «فەيسالۇت تەفرىقە بەينەل ئىسلامى ۋە زەندەقە»، «ئەل ـ مەدنۇنۇ بىھى ئەلا غەيرى ئەھلىلى»، «كىميايى سەئادەت»، «ئەييۇھەل ۋەلەد»، «نەسىھەتۇل مۇلۇك» قاتارلىقلاردۇر.

غەززالى ئەسەرلىرى ئۇنىڭ شۆھرىتىنىڭ تەسىرىدە ئەندالۇسىيە پەلسەپە تارىخىدا ئاجايىپ كاتتا رول ئوينىغان. بەزىدە قىسمەن دىنىي ۋە سوپىستىك ئەسەرلەر، ھەتتا بەزى نامسىز يازغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان كۇفرانىي(كۇپپار) ئەسەرلەرمۇ غەززالىغا نىسبەت بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە غەززالى بەزى شەرئىي ۋە دىنىي مەسىلىلەردە قارىشىنى ئاشكارا ئۆزگەرتكەن بولغاچقا، بۇ ئىككى ئامىل غەززالىغا بولغا خاتا چۈشەنچىنى پەيدا قىلغان.

**ئىبن تۇفەيل** (مىلادىيە 1106 ـ 1185)

ئەبۇ بەكر مۇھەممەد ئىبن ئابدۇلمالىك ئىبن تۇفەيل ئەل ـ قەيسى گرانادانىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ۋادى ئاش دېگەن يەردە تۇغۇلغان. كوردۇۋادا تىبابەت ۋە پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەن. ئەلموھاد خەلىپىسى ئەبۇ ياقۇپ يۇسۇفنىڭ ئوردىسىدا تېۋىپ ۋە قازى بولغان. ئوردىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە نۇرغۇن داڭلىق كىشىلەرنى، جۈملىدىن ئىبن رۇشدنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ خەلىپىگە تونۇشتۇرغان.

دەل ئىبن تۇفەيل ئەندالۇسىيىدە غەززالىغا بولغان خاتا چۈشەنچىنى پەيدا قىلغان شەخسلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ روناق تاپقان تېۋىپلىق ھاياتىدا يېگى پلاتونىزمغا كىرىشىپ قالغان ۋە ئىبن سىنانىڭ سوپىستىك تەلىماتلىرىغا ئەگەشكەن. داڭلىق پەلسەپىۋى ئەسەر «ھەي ئىبن يەقزان» (ئويغاق ئوغلى ھايات) نى يېزىپ چىققان. ئەسەردىكى ۋەقەلىك ھىندى ئوكياندىكى بىر ئارالدا يۈز بېرىدۇ. ئەسەردە ھېچقانداق ئىنسان زاتىغا يولۇقۇپ باقمىغان، تۇغۇلۇپلا شۇ ئارالدىكى بىر كېيىك تەرىپىدىن بېقىپ چوڭ قىلىنغان بىر بالىنىڭ ھېكايىسى سۆزلىنىدۇ. بۇ بالا چوڭ بولۇپ تەبىئىي ئېتىقادنى ھېس قىلىپ، ئاللاھنى تونۇپ يېتىدۇ. كېيىن كېمىسى ۋەيران بولۇپ ئارالغا چىقىپ قالغان بىر سەيياھ ئۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ تىلى ۋە دىنى ئىسلامنى ئۆگىتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ھەيرانلىق بىلەن ئېتىقادلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە نەقەدەر ئوخشىشىدىغانلىقىنى بايقايدۇ.

ئىبن تۇفەيل ئەسەرنىڭ يەكۈنىدە دىنغا ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ ياردىمىسىزمۇ تەبىئىي يەتكىلى بولىدۇ، دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. بۇ خۇلاسە ھەدىسنىڭ روھىغىمۇ ئۇيغۇن بولۇپ، ئىسلامغا ئانچە ناتونۇش ئەمەس ئىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئىسلامنى ئەسلىدىنلا ئىنسانلار تۇغۇلۇپلا تەبىئىي تاللاشقا تېگىشلىك دىن، دەپ قارايتتى.

**ئىبن رۇشد** (مىلادىيە 1126 ـ 1198)

ئەبۇل ۋەلىد مۇھەممەد ئىبن ئەھمەد ئىبن رۇشد ئەل ـ خافىد كوردوۋادا تۇغۇلغان ۋە بوۋىسى ئەبۇل ۋەلىد مۇھەممەد ئەل ـ جەددىن ھەدىس ئىلمى ئۆگەنگەن، كوردوۋادا باش قازى بولغان. ئۇ غەربتە ئاۋېررويى، شەرھشۇناس دېگەندەك ناملار بىلەن مەشھۇر بولۇپ، غەربتە ئۆز خەلقى ئىچىدىكىگە قارىغاندا بەكرەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئۇ پلاتونىنىڭ «جۇمھۇرىيەت» دېگەن ئەسىرىدىن ئارىستوتېلنىڭ سىياسەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى دادىللىق بىلەن ئايرىپ چىقماقچى بولغان. ئارىستوتېلنىڭ مەلۇم بولغان بارلىق ئەسەرلىرىگە شەرھ يېزىپلا قالماستىن يەنە ئۇلارنى يەكۈنلەپ چىققان ۋە بۇلار توغرىلىق نۇرغۇن ئىزاھات ـ شەرھلەرنى بەرگەن. غەززالىنىڭ «تەھافۇت ئەل ـ فەلەسفە» دېگەن ئەسىرىگە بىرمۇ بىر رەددىيە بېرىش يۈزىسىدىن «تەھافۇت ئەل ـ تەھافۇت ئەل ـ فەلەسفە» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. مەزكۇر ئەسەردە ئۇ پەقەت ئۆزى «ئارىستوتېلنىڭ پىكرى» دەپ قارىغان قاراشلارنىلا قوغدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ مۇنازىرىدىكى غەلىبىسى توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇت.

ئىبن رۇشد پەلسەپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىنىڭ ئۇستاز ئارىستوتېل بىلەن ئاياغلاشقانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا، ئالىملار ئۇنىڭ رەددىيىسىنى «ئارىستوتېلنى قوغداش ئۈچۈن بولغان ئۇرۇنۇش، غەززالىنىڭ تەھافۇتىغا بېرىلگەن ئۇنۇملۇك رەددىيە ئەمەس» دەپ قارايدۇ. غەززالىنىڭ ھۇجۇم ئوبيېكتى ئىبن سىنا بىلەن فارابىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى بولۇپ، بۇ قاراشلارنىڭ بىر قىسمىلا ئارىستوتېلدىن قوبۇل قىلىنغان، مۇتلەق كۆپچىلىكى پلاتو بىلەن پلوتىنۇستىن كەلگەن.

ئىبن رۇشد لاتىنچىغا ئۆرۈلگەن ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپا پەلسەپىسىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە ئارىستوتېل نامىدا ئېلان قىلىنغان «ئارىستوتېل پەلسەپىسى» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورلۇق تەۋەلىكى توغرىسىدا شۈبھىلەنگەن. بۇ ئەسەر ئەمەلىيەتتە پلوتىنۇسنىڭ «ئېننېئاد» دېگەن

ئەسىرىدىكى قىسمەن بابلارنىڭ يىغىندىسى ئىدى. ئىبن رۇشدنىڭ ئۆزى قول قويغان بۈيۈك ئۇستازدىنمۇ دادىللىق بىلەن شۇبھىلىنەلىشى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئىلىم-پەندە نەقەدەر ئەستايىدىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھىم شەخسلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىگە ناھايىتى تونۇش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىبن رۇشد مۇسۇلمانلار ۋە غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە بىر خىل زىددىيەتلىك تەسىر قالدۇرغان. نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭ دىنسىزلىقىغا ياكى دىنىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ شەرىئەت قازىسى ئىكەنلىكىگە، بۇنداق تەقۋادار كىشىنىڭ ئىمانسىز بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە سەل قارىغان. ئەمەلىيەتتە ئۇ دىن ۋە پەلسەپىدە تەڭ يېتىلگەن يېتۈك ئالىمدۇر.

پەلسەپىۋى تەتقىقاتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى تاماملىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مۇسۇلمانلارنىڭ ئەندالۇسىيىدىكى تەسىرى ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي يۈكسىلىشلەر ئۇششاق-چۈششەك خاتىرىلەردە ساقلانغان بولۇپ، بۇلارنى ئىنقىلاپ چىقىش بىراز قىيىن. ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا جايلىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي تەسىرى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ، بۇ جايلاردىكى ئۆلىمالارنىڭ تارىخى ۋە گرېك پەلسەپىسىنىڭ رولىنى ئايرىم يېزىشقا توغرا كېلىدۇ.

غەززالى بىلەن ئىبن رۇشد باشلاپ بەرگەن پەلسەپە مۇنازىرىسى ئىسلام شەرقى ۋە ئوسمانىيە تۈپرىقىدىكى مۇسۇلمان يازغۇچىلارنىڭ قولىدا ئەندالۇسىيىدىكى مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ داۋاملاشتى. ئالدىنقىلار تىكلەپ بەرگەن ھەر خىل قاراش ۋە ئېقىملار كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ قالدى. ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ بۇ خىل ئىزچىللىقى يېقىنقى زامانلارغا كەلگەندىمۇ توختىماي تەرەققىي قىلىپ ۋە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. History of Islamic Philosophy, part I, Edited by Seyyid Hossein Nasr and Oliver Leaman, Routledge 1996, New-York and London.

2.Abu Bakr Ibn Tufail: Hayy Ibn Yaqzan,translated by simon ockley,New York Frederick A stokes Company Publishers.

3.Alpharabi's Philosophy of Plato and Aristotle, Translated by Muhsin Mahdi, The Free Press of Glencoe.

4.A History of Islamic Philosophy, Majid Fakhry, Colombia University Press, New York, 1983.

5.The History of Philosophy in Islam, DR T.J.De Boer, Translated by Edward R. Jones, B.D. Dover Publication Incorporation, New York.

6. موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا موجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى.



**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىنسانشۇناسلىق ۋە مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** پەرھات غاپپار